# نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (11)

ئەركىن سىدىق

2015ـ يىلى 5ـ ئاينىڭ 8ـ كۈنى

نەتىجىلىك كىشىلەرنىڭ سەلبىي سەرگۈزەشتىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىغا قاراپ باقسىڭىز ، «ئالدىغا قاراپ مەغلۇپ بولۇش» نىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن بىلىملەرگە ئىگە بولالايسىز. تۆۋەندىكى تىزىملىكنى ئوقۇپ چىقىپ ، سىز ئۆزىڭىز دۇچ كەلگەن مەغلۇبىيەتكە قايسى ئۇسۇل بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىڭىزنى بەلگىلەپ بېقىڭ:

| ئالدىغا قاراپ مەغلۇپ بولۇش | ئارقىغا قاراپ مەغلۇپ بولۇش |
| --- | --- |
| • مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش | • باشقىلارغا دۆڭگەش |
| • ھەر بىر خاتالىقتىن ساۋاق ئېلىش | • ئوخشاش خاتالىقنى تەكرارلاش |
| • مەغلۇبىيەت ئالغا بېسىشنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش | • «ئىككىنچى مەغلۇپ بولمايمەن» ، دەپ ئويلاش |
| • ئۆزىدە ئىجابىي پوزىتسىيە ساقلاش | • «داۋاملىق مەغلۇپ بولىمەن» ، دەپ ئويلاش |
| • ۋاقتى ئۆتكەن پەرەزلەرگە جەڭ ئېلان قىلىش | • ئەنئەنىنى قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىش |
| • يېڭىدىن تەۋەككۇل قىلىش | • بۇرۇنقى خاتالىقلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراش |
| • بەزى ئىشلارنىڭ ئۈنۈم بەرمىگىنىگە ئىشىنىش داۋاملاشتۇرۇش | • «مەن بىر مەغلۇپ بولغۇچى» ، دەپ ئويلاش |
| | • ۋاز كېچىش |

سىز يېقىندا يولۇققان بىر ئوڭۇشسىزلىقنى ئەسلەپ بېقىڭ. سىز ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلدىڭىز ؟ سىز يولۇققان مەسىلىلەرنىڭ قانچىلىك قىيىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇلار ئۈستىدىن غالىب كېلىشنىڭ ئاچقۇچى سىزنىڭ ئۆز شارائىتىڭىزنى ئۆزگەرتىشتە ئەمەس ، ئۇنىڭ ئاچقۇچى ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتىشتە. ئۆزىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر جەريان بولۇپ ، ئۇ يېڭىلىقنى ئۆگىنىش ئىستىكىدىن باشلىنىدۇ. ئەگەر سىز شۇنداق قىلىشنى خالايدىكەنسىز ، ئۇ ھالدا سىز مەغلۇبىيەتنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالايسىز. سىز ھازىردىن باشلاپ ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان بارلىق چارىلەردىن پايدىلىنىپ ئالدىغا قاراپ مەغلۇپ بولۇشقا ئىرادە باغلاڭ. سىز ھازىر قىلىۋاتقان ھەممە ئىشلاردا يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلالايدىغان بىر پوزىتسىيىنى ساقلاڭ.

يۇقىرىدىكى مەزمۇن مەن «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (9)» دېگەن ماقالەمدە تونۇشتۇرغان جون ماكسۋېل (John C. Maxwell) نىڭ «ماكسۋېل كۈنلۈك ئوقۇشلۇقى» دېگەن كىتابىنىڭ 71-بېتى (3-مارت كۈنى ) نىڭ تولۇق مەزمۇنى.

مەن ئەمدى رەسمىي مەزمۇننى باشلايمەن. يەنى بۇ ھەپتە مەن يېڭى قېرىندىشىمىزدىن يەنە 3 كىشىنى تونۇشتۇرىمەن. ئۇلار مەن تونۇشتۇرغان 35- ، 36- ۋە 37-قېرىندىشىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر سىڭلىمىز قەھرىمان ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ يېڭى بىر مىسالى بولۇپ ، يەنە 2 نەپەر ئۇكىمىز بولسا چەت ئەلدە ئوقۇپ ، دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ ، ھازىر مۇھىم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەت ئورۇنلىرىدا كۆپلىگەن نەتىجىلەرنى ياراتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ۋەكىللىرى بولىدۇ. بۇ 3 قېرىندىشىمىزمۇ خۇددى مەن بۇرۇن تونۇشتۇرغان باشقا 34 نەپەر قېرىنداشلىرىمىزغا ئوخشاشلا «ئالدىغا قاراپ مەغلۇپ بولغۇچىلار» بولۇپ ، بۇ 3 قېرىنداشلىرىمىزمۇ ھەر خىل خەلقئارا سەھنىلەردە ئۇيغۇرنىڭ ئەقىللىق ، تالانتلىق ۋە تۆھپىكار مىللەت ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىۋاتىدۇ. مەنمۇ خۇددى سىزگە ئوخشاشلا ئۇلاردىن ناھايىتى پەخىرلىنىمەن.

## 1. رەيھانگۈل ئەمەت



1-رەسىم: سىڭلىمىز رەيھانگۈل ئەمەت

سىڭلىمىز رەيھانگۈل ئەمەت 1975-يىلى كورلا شەھرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ چوڭ ئانىسى ھاۋاخان 1949-يىلىدىن بۇرۇن ئىنىك ئانا بولغاچ كېيىن شۇ چاغدىكى شەھەردىكى بىردىن-بىر يەسلىگە ، يەنى كادىرلارنىڭ باللىرى بارىدىغان يەسلىگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ تەيىنلەنگەن. كۆيۈمچان ، مەسئۇلىيەتچان ۋە تىلغا باي بولغان ھاۋاخان چوڭ ئانا ھەر مىللەت خەلقىنى رازى قىلىپ ، ئۇلارنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. چوڭ ئانىسىغا نەۋرىلەر نۆۋەتلىشىپ ھەمراھ بولۇش ئەنئەنىسى بويىچە ، ھەپتە ئاخىرىدا چوڭ ئانىسىنىڭ يېنىدا تۇرغان رەيھانگۈل ھاۋاخان چوڭ ئانىدىن نۇرغۇن تارىخىي قوشاقلارنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولىدۇ. ئۇنىڭ مەرھۇم دادىسى بىر ئاددىي شوپۇر بولسىمۇ ، ھەپتىدە بىر كىتاب ۋە گېزىت ئېلىشنى ئۇدۇم قىلغان كىتابخۇمار دادا ئىدى. ھېكايە-قوشاق ۋە چۆچەك ئېيتىشقا ناھايىتى ئۇستا ئانىسى خەيرىنساخان ئائىلىدە قوشاق ئېيتىش ۋە تېپىشماق تېپىشنى بالىلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ئايلاندۇرغاچ ، بۇ ئائىلىدىكى ھەممە بالا دېگۈدەك كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان بالىلار بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. ئەمما ئۇ ئوقۇغان مەكتەپتىكى بالىلار ناھايىتى شوخ بولغاچ ئوقۇش ئەزەلدىن كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ. ياخشى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ناچارلىرى كۆپ بولۇپ ، ئۇنىڭ ئوقۇش شارائىتى ۋە مۇھىتى ئۇنى ۋە ئۇنىڭدەك غايىلىك ئوقۇغۇچىلارنى مەيۈسلەندۇرىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىلىدا ئوقۇشتىن ۋاز كەچمەكچىمۇ بولىدۇ. لېكىن ئۇ چىشىنى چىشلەپ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىدۇ.

ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئالىي مەكتەپتىن كۈتكەن ئۈمىدى ۋە تەلىپى ئوخشاش بولمىغاچ ، رەيھانگۈل ئۈچۈن بىلىملىك ئوقۇتقۇچى ۋە ئۆگىنىش پۇرسىتى تېپىش شۇ چاغدىكى ئەڭ چوڭ بىر نىشان بولۇپ ، ئۇ بېيجىڭدا ئوقۇشنى قارار قىلىدۇ ، ۋە ئۆز ئارزۇسى بويىچە ياخشى نەتىجە بىلەن 1992-يىلى مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۈركىي تىللار فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ خەۋەردىن سۆيۈنگەن يەرلىك ئىدارە تۇنجى قېتىم بۇ ئىلىنى ۋە بۇ قىزنى مىڭ سوم پۇل بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. شۇنىدىن كېيىن مۇشۇنداق مۇكاپات رەسمىي تەسىس قىلىنىدۇ.
مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ھەقىقەتەن ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى جەم بولغان مەكتەپ بولغاچ بەزىدە بىر ئوقۇغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئىش ھەرىكىتى شۇ مىللەتكە بىلىپ-بىلمەي ۋەكىللىك قىلىپ قالىدۇ. رەيھانگۈل قىزغىنلىق ، قىزىقىش ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگەنسىلا بارلىق مىللەتلەر ئوخشاش ئەقلىي قابىلىيەتكە ئىگە بولىدىغانلىقنى نامايان قىلىپ ، ئالىي مەكتەپتە ئىككى رېكورت يارىتىدۇ. ئاۋۋال دۆلەتلىك «4-دەرىجىلىك ئىنگلىز تىلى» ئىمتىھانىدىن غەلىبىلىك ئۆتىدۇ. شۇ چاغدا بۇ پۈتۈن مەكتەپتىكى تۈركىي تىللىق ئوقۇغۇچىلارغا زور ئىلھام بولىدۇ.
شۇنداق ، ھەرقانداق ئىشنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدا مەلۇم بىر سەۋەب بار بولىدۇ. رەيھانگۈل ئالىي مەكتەپتە ئىنگلىزچە ئىمتىھانىغا 20 يۈەن تۆلەپ تىزىملاتماقچى بولغاندا ، بىر ئوقۇتقۇچى : «سىلەردەك تۇنۇگۈن ئۆگەنگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىدىن بۇ ئىمتىھانغا قاتنىشىپ ئۆتەلمەيدىغانلار بەك جىق ، دائىم مۇشۇنداق بولۇۋەرسە مەكتەپنىڭ نامىغا ياخشى ئەمەس ، ئەڭ ياخشىسى خەنچە ئۆگىنىڭلار ، سىلەردىن بۇ دەرىجە ئىمتىھانغا قاتنىشىش تەلەپ قىلىنمىغاندىكىن» ، دەپ رەت قىلغاندا ، ئۇ: «مېنىڭ ئىمتىھانغا قاتنىشىش ھوقۇقۇم بار ، شۇنداققۇ؟ مەن چوقۇم سىناپ باقىمەن» ، دەپ جاھىللىق بىلەن تىزىملىتىدۇ.

رەيھانگۈل ئالىي مەكتەپتە بىرىنچى يىلىلا خەنزۇچە دەرىجە ئىمتىھاندىن ياخشى نەتىجە بىلەن ئۆتكەچكە ، ئۇنىڭغا خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش ۋاقتى ئىسراپچىلىقى بولۇپ قالدى. شۇڭا مۇئەللىمگە خەنزۇ تىلى دەرسكە قاتناشماي ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا سىنىپلاردا ئىنگلىزچە ئۆگىنىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ، مۇئەللىم قوشۇلمايدۇ. لېكىن ئۇ دەرس ۋاقتىدا ئىنگلىزچە ئۆگەنسە بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈۋالدۇ. ئادەتتە مۇئەللىم ۋە مەكتەپ ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلسا نۇرغۇنلىغان ئوقۇغۇچىلار قىلچە پەرۋا قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆز مەنپەئىتىنى ۋە ۋاقتىنى قوغداشنى بىلمەيدۇ. ئۇ چاغلاردا مەكتەپ ئادەتتە باشقا ئوقۇغۇچىلاردىن ئىنگلىزچە دەرىجە ئىمتىھاندىن ئۆتۈشنى دىپلوم ئېلىشنىڭ شەرتى قىلغان بولۇپ ، كۇتۇپخاندا ئەتراپىدىكى باشقا مىللەت ئوقۇغۇچىلار پۈتۈنلەي ئىنگلىزچە ئۆگەنسە ، ئۆزى دائىم خەنزۇچە ئۆگەنگەچ ، باشقا مىللەتلەر نەزىرىدە بىر خىل غەلىتە ۋە كۈلكىلىك ئىش بولۇپ تۇيۇلۇپ ، چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رەيھانگۈل ئىنگلىزچە ئۆگەنمەكچى بولىدۇ. ئەمما مەكتەپ ئەتراپىدا ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىدىغان كۇرسلارنى تاپالماي ، بەك تىت-تىت بولىدۇ. تەلىيىگە ، ئۇ تۇيۇقسىز مەكتەپنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن ئاچقان بىر ئىنگلىزچە سىنىپىنى بايقاپ قېلىپ ، شۇ سىنىپقا ئاستىغىنا كىرىپ ئولتۇرۇپ ئۆگىنىدۇ. كېيىن مۇئەللىم رەيھانگۈلنىڭ بىر ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى سېزىپ قېلىپ ، ئۇنىڭ چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلغاندا ، ئۇ ئۆز تىرىشچانلىقى ، شۇنداقلا سىنىپتىكى باشقا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاكتىپ قوللىشى بىلەن بىر ئاز پۇل تۆلەپ ، سىنىپتا بىر مەۋسۇم ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. كېيىن ئۇ ئامېرىكىدىن ئەمدىلا دۆلەتكە قايتىپ كەلگەن پروفېسسور لېتىپ توختى مۇئەللىم ھەققىدىكى بىر قىسىم ئۇچۇرغا ئېرىشىپ ، تەتىلدە كەتمەيدىغان قىزلارنى يىغىپ ، ئۆزى مۇئەللىمنى دەرس ئۆتۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ مۇئەللىمنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسى ۋە قىزغىنلىقى بىلەن بىر تەتىل ئۆگىنىش پۇرسىتى يارىتىلىدۇ. رەيھانگۈل ئانا تىلىدا بىر قىسقا ئىنگلىزچە دەرس ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىدىن ، ۋە بۇ تالانتلىق ، ئىجتىھاتچان پروفېسسوردىن قاتتىق پەخىرلىنىدۇ. شۇنداقلا كېيىن ئۇنىڭ ماگىستىر ئوقۇغۇچىسى بولۇشقا بەل باغلايدۇ.

رەيھانگۈل 1997-يىلى مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئېلىنغان ماگىستىرلىق ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ، ئالىي مەكتەپ تارىخىدا ئۇيغۇرچە ئوقۇغانلار ئىچىدە تۇنجى قېتىم ئىمتىھاندىن ئۆتكەن تۈركىي تىللىق ئوقۇغۇچى بولىدۇ. بۇ ئوقۇش رېكورتى ئەينى ۋاقىتتا ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەقلىي جەھەتتىن باشقا ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ، تىرىشىش ئارقىلىق ناچار شارائىتتىن قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئادەتتە مەكتەپ فاكۇلتېتقا ھەر يىلى ماگىستىر ئوقۇغۇچىسىدىن پەقەت بىرلا سان ئۇيغۇر ، قازاق ئوقۇغۇچىلىرىغا بېرىلىدۇ. شۇڭا ئەلا ئوقۇغان بىرى «ئىمتىھانسىز تەۋسىيەلىك ئوقۇغۇچى» پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ ، باشقا ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار بولسا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. رەيھانگۈل خىزمەتنى ئالماي ماگىستىرلىقتا ئوقۇش يولىنى تاللايدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئېلىنغان ماگىستىرلىق ئىمتىھاندا قەدىمكى خەنزۇ تىلى ئىمتىھانىنىڭ بىر قىسمى قىلىنىدۇ. بۇ دەرسلىك ئەزەلدىن دەرسلىك سېتكىسىغا كىرگۈزۈلمىگەچ ، رەيھانگۈل بۇنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنمىسە بولمايتتى. شۇڭا ئۇ بۇ مەسىلىنى يەنە شۇ ئوقۇتقۇچىلار سىنىپىدا ھەل قىلدى. يەنە بىر توسالغۇ بولسا ئىنگلىز تىلى ئىدى. ئىنگلىزچە دەرسنى ئالىي مەكتەپنىڭ 3-يىللىقىدا نۆلدىن باشلاپ ئۆگەنگەنلەر ئۈچۈن مەملىكەتلىك بىر تۇتاش ماگىستىرلىق ئىنگلىزچە ئىمتىھانىغا قاتنىششىمۇ بىر چوڭ ئۆتكەل ھېسابلىناتتى. ئەينى چاغدىكى بۇ قاتمۇ-قات قىيىنچىلىقلار مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلارنى بۇ قەدەمنى ئېلىشتىن توسۇپ قالغاندا ، رەيھانگۈل جاسارەتكە كېلىپ ئۇرۇنۇپ باقتى. ھەممە تەلىيىگە يارىشا تىرىشقانلىرى بىكارغا كەتمەي ، ماگىستىرلىق ئىمتىھاندىن ئۆتتى.

رەيھانگۈل ئالىي مەكتەپنى ناھايىتى مەمنۇنىيەت ۋە ھۇزۇرلۇق بىلەن ئوقۇپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى بولدى. ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىسى پروفېسسور ئابدۇرەئوپ پولاتنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوقۇغۇچىلار ئىلمىي يىغىلىش «ئەنجۇمەن سورۇنى» تەشكىللەنگەندە ، رەيھانگۈل ئۇنىڭغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىپ ، يۇرتىمىزدىن بېيجىڭغا كەلگەن نۇرغۇن داڭلىق زىيالىيلار بىلەن كۆرۈشۈش ۋە ئۇلار بىلەن پىكىرلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ ، ھەر خىل ئىدىيىلەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ھەر خىل سەنئەت ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەپ ، ئۇلارغا ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ ، ئوقۇ-ئوقۇتۇش بىلەن مەنىۋى-ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى تەڭ ئېلىپ بارىدۇ.

رەيھانگۈل بېيجىڭدىكى ئون نەچچە يىللىق ئوقۇش ۋە خىزمەت ھاياتىدا ئىزچىل تۇردە بۇ يەرگە كەلگەن ھەر ساھەدىكى قېرىنداشلارنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ. مېيىپ ، قېرى ۋە ئاجىز ئەرزدارلارنى ئەرز قىلىدىغان يېرىگە ئاپىرىش ، ماتېرىياللىرىنى تەييارلاش ئىشلىرىغا خالىسانە ياردەمدە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئوقۇشقا كەلگەنلەرگە ئوقۇش ئۈچۈن ئالاقە قىلىپ بېرىش ، ۋە ياتاق تېپىپ بېرىش قاتارلىق ئىشلارنى خالىسانە قىلىدۇ. رەيھانگۈلنىڭ بېيجىڭدىكى بەزى دوستلىرى ئۇنىڭ باشقىلار ئۈچۈن ئىش قىلمەن ، دەپ ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلىشىدىن قورقىدىغان بولۇۋالىدۇ. لېكىن رەيھانگۈل ئۆزى قىلالمىسا يەنىلا قىلالايدىغان دوستلارنى تېپىپ ، قېرىنداشلارنىڭ تىل ۋە باشقا جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى يەڭگىللىتىشكە ئۇرۇنىدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇنىڭ ياتىقى كېيىن چەتئەلگە چىقىدىغان ۋە چەت ئەلدىن كېلىدىغان قىزلارنىڭ ئۆتنگگە ئايلانغان ئىكەن.

رەيھانگۈل 2000-يىلى ماگىستىر ئاسپىرانتلىقنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتىغا خىزمەتكە چۈشىدۇ. ھەمدە يېرىم يىلدىن كېيىن ، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ئىمتىھان بېرىپ تاللىنىپ ، شۇ يەردە خىزمەت قىلىدۇ. 2004-يىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىغا ئالمىشىپ ، ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئىشلىگەندە ، مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر تەرەپتىن ئىنگلىزچە دەرس بەرسە ، يەنە بىر تەرەپتىن مۇئەللىملەرگە ، تەتقىقاتچىلارغا ۋە چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر تىلى دەرسى بېرىدۇ. ئۇ بىر قېتىملىق خەلقئارالىق تۈركىي تىللار يىغىنىدا نەق مەيدان تەرجىمانلىقى قىلىدۇ ، ۋە گوللاندىيەلىك پروفېسسور دېيوك ( فرەدەرىچ دەجوڭ) ئەپەندى بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ. ھەمدە 2004-يىلى بۇ كىشىنىڭ تەكلىپى بىلەن گوللاندىيە ئۇترەخت ئۇنىۋېرسىتېتىغا «زىيارەتچى ئىلمدار» سۈپىتىدە بارىدۇ. ئۇ يەردە باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ، «ئۇيغۇر تىلى سۆزلىشىش قوللانمىسى » (ئۇيغۇر ، ئا مانۇال فور چونۋەرساتىون) ۋە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى » (ئا گراممار ئوف مودەرن ئۇيغۇر) دېگەن كىتابلارنى يازىدۇ. 2005-يىلى ۋە 2007-يىلى بۇ كىتابلار گوللاندىيەدە ئايرىم-ئايرىم نەشردىن چىقىدۇ. بۇ ئىنگلىز تىلىدا يېزىلغان تۇنجى ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى كىتابى بولۇپ قالىدۇ. شۇ مەزگىلدە رەيھانگۈل يەنە ئۇترەخت شەھىرىدىكى راسا ناخشا ئۇسۇل مەركىزىگە بېرىپ ، ئۇ يەردە ئۇيغۇر دولان مۇقامى توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىپ ، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدۇ. ھەمدە ئۇلارنىڭ بىر مەسئۇل كىشىسىنى ئۈرۈمچىدە كۈتۈۋېلىپ ، ئۈرۈمچىدىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. 2007-يىلى دولان مۇقامى ئۇترەخت شەھىرىدىكى راسادا ياڭراپ ، گوللاندلارنىڭ ئۇيغۇر ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

رەيھانگۈل 2006-يىلى ئەنگلىيە ئوكسفورد شەھىرى ئىسلام تەتقىقات مەركىزى (ئوخفورد چەنترە فور ئىسلامىچ ستۇدىەس) نىڭ «ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام تېرمىزى» (ئىمام بۇكھارى ئاند ئىمام تىرمىزى ، http://www.oxcis.ac.uk/ibit12-13.html) تەتقىقات مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ ، شۇ يەردە بىر يىل تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. رەيھانگۈل مۇشۇ جەرياندا ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى ئىنسانشۇناسلىق كەسپىدە ئوقۇش ئارزۇسىدا يېزىقچە ۋە ئېغىزچە ئىمتىھانغا قاتنىشىپ ، نەتىجە چىققۇچە ساقلاش مۇمكىن بولماي قايتىپ كېتىدۇ. بىر ئايدىن كېيىن رەيھانگۈلگە ئوقۇش مۇكاپاتى بىلەن ئوقۇش پۇرسىتى بېرىلگەنلىك ئۇقتۇرۇشى كەلگەندە ، خىزمەت قىلىۋاتقان مەكتەپتىن قوشۇلمىغاچ بۇ ئوقۇش پۇرسىتىنى زايە قىلىشقا مەجبۇرى بولىدۇ. كېيىن مەملىكەت ئىچىدە دوكتورلۇق ئوقۇشنى خالىماي ، 2010-يىلى گوللاندىيەگە دوكتورلۇق ئوقۇش ئۈچۈن قايتا كېلىدۇ. ئىجتىمائىي پەندە ئوقۇش مۇكاپاتى ئېلىپ ئوقۇش تەس بولغانلىقى ئۈستىگە ، بەزى ئەمەلىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ ، بىر تەرەپتىن ئوقۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رەيھانگۈل خەنزۇچە دەرس ئۆتۈشنى ئاساس قىلغان بىر كىچىك تىل مەكتىپىنى ئاچىدۇ.


2-رەسىم: رەيھانگۈل ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدە.



3-رەسىم: ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر كۆرۈنىشى.

رەيھانگۈلنىڭ 2012-يىلى بالىسى كاشغەرى تۇغۇلغاندا، گوللاندىيەلىك ئاتا-ئانىلارنىڭ ئېقىمىغا ئەگىشىپ، بالىسى ئۈچۈن بالىلار پسىخولوگىيىسى دەرسىنى ئۆگەندۇ. ھەمدە بۇنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئۈنۈمىنى كۆرۈپ، ئۇنىدىداردا «ئەقىل توپى» ۋە «ئانا بىز» توپلىرىنى قۇردۇ. ئوقۇ-ئوقۇتۇش ساھەسىدە ئىشلەيدىغان دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق خانىم-قىزلار بىلەن بىرلىكتە، مائارىپچى ئاتا-ئانا بولۇش، ۋە ھەر بىر ئادەم ئۆز ئانا تىلىدا ۋە ئۆز يېزىقىدا كىتاب ئوقۇيالايدىغان بالىلارنى تەربىيىلەشنى ئاساسىي نىشان قىلىپ، ھەر ساھەدىكىلەرنى ئۆز ساھەسىدە ئىلمىنىڭ زاكاتىنى بېرىش ئۈچۈن بىر يېرىم يىلدىن ئارتۇق لېكسىيە سۆزلەشكە ئۇيۇشتۇردۇ. رەيھانگۈل ئۇنىدىداردا تۇنجى قېتىم توپ قۇرۇپ لېكسىيە سۆزلىگەن ئوقۇتقۇچى بولۇپلا قالماي، ئۇنىدىدارنىڭ ئاكتىپ رولىدىن پايدىلىنىشنىڭ بىر يېڭى يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن كىشمۇ بولۇپ قالدۇ. ئۇنىدىداردىكىلەر بىر-بىرى بىلەن ھال-ئەھۋال سورىشىپ نورمال پاراڭلىشىشتىن، ھازىرقىدەك توپ-توپ بولۇپ، ھەر خىل تېمىلاردا بەس-بەستە سايرايدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ. رەيھانگۈل ھازىرمۇ ئۇنىدىداردا ئۆزى ئۆگەنگەن بالىلار توغرىسىدىكى كونكرېت ۋە ئەمەلىي بىلىملەرنى دوستلىرى بىلەن ھەمبەھىرلىشىش ئىشىنى قىلىۋاتىدۇ. ھەمدە ۋەتەندە پىنسىيونېرلار ياكى قېرىلار ئۆيىگە ئوخشاش، كىچىك بالىلارنىڭ ئۈچۈنمۇ مەھەللىلەردە بىردىن ھەقسىز بالىلار ئويناش ئۆيى قۇرۇش ئۈچۈن توختىماي ئىمكانىيەت ئىزدەۋاتىدۇ. رەيھانگۈلنىڭ ئارزۇ قىلىۋاتقىنى ھەر قانداق ۋاقىتتا ئاتا-ئانىلار ئاشۇنداق ئۆيلەرگە ئۆز بالىلىرىنى ئاپىرىپ ئويناشقا قويۇپ بېرىش، شۇ ئارقىلىق بالىلارنى ئۆز قورۇسىدا يالغۇز ئوينىتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، ھەمدە بالا يېتىپ كەتمەسلىك ۋە بىر بىخەتەر ئويناش مۇھىتىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت. رەيھانگۈل بۇ جەھەتتە باشقا قېرىنداشلارنىڭ ئۆز ئىمكانىيىتىنىڭ دائىرىسى ئىچىدە ئۆزىگە ياردەمدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

رەيھانگۈل ئاتا-ئانىلارنى بالىلىرىنى كىچىكىدىن باشلاپ تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشكە ئۈندەش ئۈچۈن، 2015-يىلى ئۇنىدىداردا سۇزۇكى مېتودىدا «10 مىنۇتلۇق ئىنگلىزچە» دەرسى سۆزلەيدۇ. ھەمدە 300 دەك ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز بالىلىرى بىلەن بىللە ئۆگىنىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ. خەلقئارادا يەنە «تالانت مائارىپى» دەپ نام ئالغان «سۇزۇكى مېتودى» نى ياپونىيەلىك مائارىپچى سۇزۇكى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئۇسۇلنىڭ تەلىپى بالىلارغا ئىسكرىپكا ئۆگىنىشنى ئۇلار كىچىك چېغىدا باشلاش، ۋە ئاتا-ئانىلار تەڭ ئۆگىنىش ئارقىلىق بالىلىرىغا ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىش، شۇنداقلا بالىنى يېقىندىن يېتەكلەش. سۇزۇكى مېتودى ياۋروپادا ھازىر كەڭ تۈردە قوللىنىلىۋاتقان ئۈنۈملۈك ۋە ھۇزۇرلۇق ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بولۇپ، رەيھانگۈل بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۆز مائارىپىمىزغىمۇ سىڭىپ كىرىشى، ئاتا-ئانىلارنىڭ مائارىپنى ئۆز قوللىرىغا ئېلىشى، ئاتا-ئانىلارنىڭ مەكتەپنى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەپەككۇر شەكلىنى تولۇق چۈشىنىشى ۋە ئۇلارغا ماسلىشىشى، شۇنداقلا بالىلاردا ھەر خىل قىزىقىشلارنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن ئاتا-ئانىلارنىڭ تەڭ قول تىقىپ ئىش قىلىشى قاتارلىقلارنى چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۇنىدىدار دەرسخانىسىنى ئاچىدۇ. رەيھانگۈل يەنە خەلقئارالىق ئىنگلىزچە ئىمتىھان ئەلتس قا تەييارلىق قىلىش دەرسىنى چەتئەللىك كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىرلىشىپ ئېچىش يولىدا تىرىشىۋاتىدۇ. شۇنداقلا ئۇ چەتئەلدە بىر ئىشەنچلىك ۋە سىستېمىلىق «ئوقۇش-ئوقۇتۇش مەسلىھەت شىركىتى» نى قۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئاز ھەق بىلەن چەت ئەلدە ئوقۇشتا، ۋە ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىشتە ياردەمگە موھتاج بولغانلارنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە تەمتىرەپ يۈرۈشتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتىدۇ.

رەيھانگۈلنىڭ مەقستى ۋەتەندىكىلەرنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە توغرا ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەپ ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي بېسىمىنى يېنىكلىتىشتىن ئىبارەت.

رەيھانگۈل ئۆزىنىڭ غايىسى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى : «مېنىڭ غايەم بالىلار ئويناش ئۆيى قۇرۇش ، ۋە كەلگۈسىدىكى كۆچلۈكلەرگە يانتاياق بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي كۈچلۈك بولۇشى ئۈچۈن پىشاك بولۇش.»

سىڭلىمىز رەيھانگۈل ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ ، بىر يىراق جايدا ياشاۋاتقان بىر ئايال ۋە بىر ئانا بولۇشىغا قارىماي ، ھەر ۋاقىت مىللەتنىڭ غېمىنى يەپ ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭدىن تولىمۇ پەخىرلىنىمەن.

## 2. ئىسلام پۇل-مۇئامىلە پەنلىرى دوكتورى——بۇرھان سىتى (مالايشىيا)

ئىلاۋە: مەن يېقىندا ئىنىمىز بۇرھان سىتىگە ئۆزۈمنىڭ ئۇنى ۋەتەندىكىلەرگە تونۇشتۇرۇش ئارزۇيۇمنىڭ بارلىقىنى ئېيتتىم. بۇرھان ئۇكىمىز بۇ ئىلتىماسىمنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. شۇنداقلا ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ بۇرۇن www.alkuyi.com, www.uchur.com, bbs.misranim.com تورلىرىدا ۋە ئۇنىدىدارلاردا بىر قېتىم تونۇشتۇرۇلغانلىقىنى ، ئەمما بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇ قېتىملىق تونۇشتۇرۇشتا ئۆزى ھەققىدىكى بىر قىسىم ئۇچۇرلار كېرەمەي قالغانلىقىنى ، شۇڭلاشقا مەن ئۇنى بۇ قېتىم باشقا قېرىنداشلارغا قوشۇپ تونۇشتۇرسام بولۇۋېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن تۆۋەندىكى مەزمۇننى ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە سۇندۇم.


1-رەسىم: ئىنىمىز بۇرھان 2009-يىلى 10-ئايدا ئانىسى بىلەن مالايادا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ، ماگىستىرلىق مەكتەپ پۈتتۈرۈشىدىن بىر كۆرۈنۈش.

ھېلىمۇ ئېسىمدە ، ئاشۇ مېھرى ئىسسىق سەھرا! ھېلىمۇ ئېسىمدە ،كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئاشۇ زېمىن ، ئاشۇ زېمىندا ئاپىرىدە بولدۇم ، ئاشۇ زېمىندا كۆلدۇم ، ئاشۇ زېمىندا يىغلىدىم... ھېلىمۇ ئېسىمدە ، مەكتەپتىكى ھاياتىم ، يېزامنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرى.... قوي بېقىش ، يانتاق چېپىش ، تەك كۆمۈش ، قويلارغا ھەلەپ بېرىش دېگەندەك ، مەن قىلىپ باقمىغان دېھقانچىلىق ئىشلىرى يوقمىكىن دەپ ئويلايمەن.....

سىز بۇ ئەسەرنى ئوقۇغانمۇ ؟ ئەگەر ئوقۇغان بولسىڭىز ، سىزگە بۇ ئەسەر نۇرغۇن ئېستېتىك ھۇزۇر بېغىشلىغان ۋە نۇرغۇن ياشلارغا ئىلھام بولغان دەپ ئېيتالايمىز. مەۋھۇم تور دۇنياسىدا ئۆزىنىڭ كىچىككىنە ھايات كارتىنىلىرى بىلەن نۇرغۇنلىغان ياشلارنىڭ يۈرەك تارىنى چەككەن بىر شەخس بار. «دېھقان پەرزەنتىنىڭ چەتئەلدىكى سەرگۈزەشتلىرى» ، «خارۋادقا سەپەر» ، «بىرتانىيەگە ساياھەت» ، «دېھقان پەرزەنتىنىڭ كېيىنكى سەرگۈزەشتلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى بىلەن تونۇشقۇڭىز بارمۇ ؟ ئۇنداقتا دىققىتىڭىز مەزكۇر ماقالىدە بولسۇن.

بۇ مەۋھۇم شەخس ھازىر كۇئالالۇمپۇر ئۇنىۋېرسىتېتى سودا-سانائەت ئىنستىتۇتى مالىيە ۋە ئىسلام مالىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئالىي لېكتورى ، شۇنداقلا مەزكۇر فاكۇلتېتنىڭ فاكۇلتېت مۇدىرى ، ئىسلام پۇل-مۇئامىلە پەنلىرى دوكتورى. ئۇ بولسىمۇ قۇمۇل شەھرىنىڭ چىلان ماكانى قارا دۆۋدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇر پەرزەنتى - دوكتور بۇرھان سىتى.



2-رەسىم: دوكتورلۇق ئۇنۋان ئالغاندىكى رەسىم ، مالايشىيا مەركىزى بانكىسىنىڭ بانكا باشلىقى دوكتور زەتى ئەختار دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى بەرمەكتە.

بۇرھان سېتى 1980-يىلى 10-ئاينىڭ 3-كۈنى قۇمۇلنىڭ قارادۆۋە يېزىسىدا تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆز يېزىسىدا تاماملاپ ، 1999-يىلى ئەلا نەتىجە بىلەن دالىيەن سۇ مەھسۇلاتلىرى ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 2 يىللىق تەييارلىق ئوقۇشىنى ئۇرۇمچىدە سۇ-ئېلىكتىر مەكتەپتە تاماملىغاندىن كېيىن ، 2001-يىلدىن 2005-يىلغىچە تولۇق كۇرسىنى دالىيەندە تاماملىغان. بۇ جەرياندا سىنىپىدىكى ئاز سانلىق مىللەت بولغىنىغا قارىماي ، تىرىشىش ئارقىلىق دۆلەت ئوقۇش مۇكاپاتى ، ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇش مۇكاپاتى ، ئىلغار سىنىپ كادىرى ، ئۆچتە ياخشى ئوقۇغۇچى ، دالىيەن شەھەرلىك ئىلغار مەكتەپ پۈتتۈرگەن شەخس قاتارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرگەن. ئوقۇشقا بولغان يۈكسەك ئىشتىياقى بىلەن داۋاملىق ئوقۇشنى تاللاپ ، 2006-يىلى 3-ئايدا مالايشىياغا ئوقۇشقا چىققان. قىسقىغىچە 6 ئاي تىرىشىش ئارقىلىق ئىنگلىز تىلى ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ شۇ يىلى 12-ئايدا مالايا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سودا-سانائەت باشقۇرۇش كەسپىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتلىقىغا قوبۇل قىلىنغان. ئوقۇشى تاماملانماي تۇرۇپلا ، مالايشىيا بويىچە 2-دەرىجىلىك چوڭ شىركەت سايىم دارىبىغا خىزمەتكە قوبۇل قىلىنغان. بىر تەرەپتىن ئوقۇپ بىر تەرەپتىن ئىشلەپ 2008-يىلى 12-ئايدا ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى تاماملىغان. 2009-يىلى 9-ئايدا 40 نەپەر ئوقۇغۇچى ئىچىدىن تاللىنىپ چىقىپ مالايشىيا مەركىزى بانكىسىنىڭ تولۇق ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بىلەن مالايشىيا ئىسلام پۇل-مۇئامىلە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورلۇق ئوقۇشىغا كىرگەن. شۇنداقلا ئوقۇشقا بولغان مۇھەببىتى بىلەن قىسقىغىچە 3 يىل ئىچىدە دوكتورلۇق ئۇقۇشىنى تاماملىغان. شۇنداقلا مەكتىپىدىكى بىردىنبىر 3 يىل ئىچىدە ئوقۇش پۈتتۈرەلىگەن ئوقۇغۇچى بولۇپ قالغان.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا ، قىسقىغىچە 6 يىل جەرياندا ، ئوقۇش جەھەتتىن ئېيتقاندا ، ئۇ تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ ، ماگىستىر ۋە دوكتور ئوقۇشىنى تاماملىغان ؛ خىزمەت جەھەتتە ، سايىم دارىبىدىن ئىبارەت بىر چوڭ شىركەتتە 2 يىل ئىشلىگەن ، شۇنداقلا دوكتورلۇق ئوقۇش جەريانىدا 1 يىلدىن كۆپرەك تەتقىقات ياردەمچىسى بولۇپ ئىشلىگەن ؛ ئائىلە جەھەتتە ، ئىناق ئائىلە قۇرۇپ ئۈچ پەرزەنتلىك بولغان ؛ ئۇقۇش جەريانىدا ، خاۋارد ، ئوكسفورد ، دۇرھام ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىسلام پۇل-مۇئامىلە ئىلمى تەتقىقات يىغىنلىرىغا قاتناشقان. ئوقۇغۇچى بولۇشىغا قارىماي ، ئامېرىكا ، ئەنگلىيە ، گېرمانىيە ، گوللاندىيە ، فىرانسىيە ، چېخ جۇمھۇرىيىتى ، تۈركىيە ، سەئۇدى ئەرەبىستان ، سىنگاپور قاتارلىق دۆلەتلەردە ئىلمى تەتقىقات يىغىنى ، ئىسلام پۇل مۇئامىلە يىغىنلىرى ئۈچۈن زىيارەتتە بولغان. 2012-يىلى 7-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن مالايشىيا مالىيە جەمئىيىتى ئۆتكۈزگەن 14-قېتىملىق يىغىنىدا دوكتورلۇق ئىلمى ماقالىسى ئىلغار ئىلمى ماقالە بولۇپ باھالىنىپ ، شۇ يىلى 10-ئايدا ئۇيغۇرلاردىن تۇنجى بولۇپ ، ئىسلام پۇل مۇئامىلە كەسپىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان.




3-رەسىم: ئىسلام پۇل-مۇئامىلە كەسپىدىكى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە

2012-يىلى 12-ئايدىن ئېتىبارەن ، بۇ پەخىرلىك ئوغلانىمىز كۇئالالۇمپۇر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سودا-سانائەت ئىنستىتۇتى مالىيە ۋە ئىسلام مالىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئالىي لېكتورى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ ، 2013-يىلى 7-ئايدىن باشلاپ ، بۇ فاكۇلتېتنىڭ فاكۇلتېت مۇدىرلىق ۋەزىپىسى ئۈستىگە ئالدى. بۇ ئىككى يىل جەريانىدا ، 7 پارچە ئىلمى ماقالىسى خەلقئارالىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى ، شۇنداقلا ئەنگلىيە ، ئاۋستىرالىيە ، تۈركىيە ۋە مالايشىيادا ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمى تەتقىقات يىغىنلىرىغا 10 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە قاتناشتۇردى. ئاۋستىرالىيەدىكى سودا سانائەت مۇھاكىمە يىغىنىدا ئۇنىڭ ماقالىسى مالىيە تۈرى بويىچە يەنە بىر قېتىم ئىلغار ئىلمىي ماقالە بولۇپ باھالاندى.

بۇرھان سېتى ئۆزىنىڭ ئۆزلۈكسىز تىرىشچانلىق روھى بىلەن توختىماي تىرىشماقتا. خىزمەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ ، ئۇدا 4 مەۋسۇم ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن 150 كە يېقىن ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە ئەڭ ياخشى ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالاندى. 2012-2013 يىللىق ئوقۇش-ئوقۇتۇش ، تەتقىقات ، مەمۇرى خىزمەت قاتارلىق مەكتەپ يىللىق خۇلاسىسىدە 93% نەتىجە بىلەن يەنە ئەڭ ياخشى نومۇرغا ئېرىشكەن. بۇ ئۇتۇقلىرىنى يەنە بىر قېتىم تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ھازىر ئۇ ئىسلام بانكچىلىقى ، ئىسلام كاپىتال بازىرى ، ئىسلامچە بايلىق باشقۇرۇش ، ئىسلام پۇل-مۇئامىلىسى قاتارلىق پەنلەردىن دەرس بەرمەكتە. ئۇنىڭ تەتقىقات نىشانى ئىسلام پۇل مۇئامىلىسى ، كۆپ خىللاشتۇرۇپ مەبلەغ سېلىش ، كاپىتال بازىرى ۋە ئىسلام پاي چېكى.

كەسپىتىكى ئەستايىدىللىقى ۋە كەسپكە بولغان مۇھەببىتى بىلەن ئىككى دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يەنى ئۇنىۋېرسىتېتى مالايا ۋە مالايشىيا خەلقئارا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ۋە باشقا ئىككى شەخسى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىزمەتكە چاقىرىشىغا مۇيەسسەر بولغان ، كەسپتە تېخىمۇ مۇكەممەللىشىش ئۈچۈن ، مالايشىيا خەلقئارا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىغا خىزمەتكە چۈشۈش ئالدىدا تۇرماقتا.

دوكتورنىڭ ئايالى بولسا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تىلشۇناس نەسرۇللا يولبولدىنىڭ قىزى. دوكتورنىڭ ئايالمۇ 3 پەرزەنتىنىڭ ئانىسى بولغىنىغا قارىماي ، 2012-يىلى 10-ئايدا مائارىپ باشقۇرۇش ساھەسىدە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى ئالدى. ھەمدە ھازىر دوكتورلۇق ئوقۇشىنىڭ پەنلىرىنى تاماملاپ ، ئىلمىي تەتقىقات ماقالە ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە. پات ئارىدا يەنە بىر ئۇيغۇر دوكتورلار قاتارىغا قوشۇلغۇسى.




4-رەسىم: ئايالى پەرزانە نەسرۇللانىڭ 2012-يىلى 10-ئايدا ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى تاماملاش مۇراسىمىدا

ئەڭ ئاخىرىدا بۇ ياش دوكتورىمىزنىڭ تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىنى ، كەسىپ جەھەتتە تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ ئىسلام پۇل مۇئامىلىسىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشۇشىنى ياراتقۇچىدىن تىلەيمىز. ئائىلىسىگە خاتىرجەملىك ، ئامەت ۋە بەخت تىلەيمىز.



5-رەسىم: ئىنىمىز بۇرھان 2014-يىلى 6-ئايدا ئەنگلىيە لەنكاستىر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىسلام پۇل مۇئامىلە يىغىنىدا.


6-رەسىم: ئىنىمىز بۇرھاننىڭ چوڭ ۋە ئوتتۇرانچى قىزى - شەھىدە ۋە شەرىفە ، ھەر ئىككىلىسى مالايشىيادا تۇغۇلغان ، لېكىن ئۇيغۇر تىلى ناھايىتى ياخشى ، باشقا تىللار بىلەن ئالماشتۇرماي سۆزلەيدۇ. چوڭ قىزى شەھىدە 6 ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا ئۇيغۇرتىلى ۋە ئەرەبچىدىن ساۋاتى چىقىپ بولغان ۋە ئىنگلىز تىلى بىلەن مالاي تىلىنىمۇ بىلىدۇ.



7-رەسىم: ئىنىمىز بۇرھاننىڭ باش دوكتور يېتەكچىسى - مەنسۇر ماسىخ



8-رەسىم: ئىنىمىز بۇرھاننىڭ 2-قول دوكتور يېتەكچىسى - ئوبەيدۇللا ئىسماھ باقا



9-رەسىم: مەكتەپ مۇدىرى بىلەن بىللە - سەيىد ئوسمان ئەلخەبشى



10-رەسىم: ئىنىمىز بۇرھان 2012-يىلى 3-ئايدا خاۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا



11-رەسىم: ئىنىمىز بۇرھان 2011--يىلى 7-ئايدا ئەنگلىيە دۇرھام ئۇنىۋېرسىتېتىدا




12-رەسىم: ئىنىمىز بۇرھان 2011-يىلى 7-ئاي ۋە 11-ئايدا ئىككى قېتىم ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا زىيارەتتە ۋە ئىلمى تەتقىقات يىغىنىدا بولدى



13-رەسىم: ئىنىمىز بۇرھان بىرلەشكەن دۆلەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى (مالايشىيا دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەتقىقات مەركىزى بار) ساغلاملىق پەنلىرى دوكتورى نامەتجان مۇھەممەتنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا



14-رەسىم: ئىنىمىز بۇرھاننىڭ قېيىن ئاتىسى تىلشۇناس نەسرۇللا يولبولدى بىلەن قېيىن ئاپىسى ھەمراھ ئاپپاي كۇۋالالۇمپۇر ئۇنىۋېرسىتېتىدا زىيارەتتە بولدى



15-رەسىم: ئىنىمىز بۇرھان 2013-يىلى 11-ئايدا ئاۋستىرالىيە سەپىرىدە

## 3. دوكتور مەخمۇت ياسىن (ياپونىيە)



1-رەسىم: دوكتور مەخمۇت ياسىن

ئىنىمىز مەخمۇت ياسىن 1968-يىلى ئاتۇش شەھرىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1975-يىلدىن 1985-يىلغىچە ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىغا ئاساس سالغان ،ئىلىم-پەن بۆشۈكى سانىلىدىغان ئاتۇش شەھرىدە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىدى.

ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ زېرەك، ئۆتكۈر پىكىرلىك، كىتاب ئوقۇشقا ھېرىسمەن، ۋە ئاتۇش بالىلىرىغا خاس مىجەز ۋە ئۆزگىچىسى بار بولۇپ يېتىلدى. ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپلا ئۇنىڭ ھەر ساھەدىكى قابىلىيىتى ۋە پائالىيەتچانلىقى كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. مەخمۇت كىشىنى قايىل قىلارلىق ئۆگىنىشكە يېتەكچىلىك قىلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سىنىپىنىڭ ئۆگىنىش ھەيئەتلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. كىشىنى قايىل قىلىدىغىنى ئۇ بۇ ۋەزىپىنى ئىرادىسىنى بوشاشتۇرماي، شۇنداقلا باشقىلارغا تارتتۇرۇپ قويماي، تاكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغۇچە داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردىمۇ ئاكتىپ بولدى. سەنئەت ۋە تەنتەربىيە قاتارلىق ھەر قانداق ئىشتا ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭدى. ئۇلۇغ غايىلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئىزچىل تۇردە ئىرىشتى. ھەر دائىم سىنىپلار ئارا تەييارلايدىغان سەنئەت نومۇرلىرىدا ئاق خالات كىيىپ، ئوكۇل يىڭنىسىنى تۇتۇپ، بىمارلارنى داۋالايدىغان دوختۇر رولىنى ئېلىشقا ئەڭ ماھىر ئىدى. بۇ خىل قىزىقىش ئۇنىڭ دوختۇر ئانىسىنىڭ تەسىرىدىن بولغان ئىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇنىڭ بۇ شوخلۇقى ۋە خۇشاللىقلىرى ئاتىسىنىڭ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇشى، كېسەللىكنىڭ ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئېغىرلىشىپ 40 ياشنىڭ قارىسىنى ئەمدىلا ئالغان قىران ۋاقتىدا بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۇ خوشلاشقانلىقى، ئۆزىنىڭ بولسا بىر دوختۇر ئائىلىسىدە تۇرۇپ ئاتىسىنى قۇتقۇلدۇرلماسلىقىدەك ئۆكۈنۈش ئازابى بىلەن خاتىملەندى. بۇ ھال ئۇنىڭ سەبىي قەلبىگە بىر يارا، ياق، توغرىسىنى دېگەندە، كەلگۈسى نىشانىنى تېخىمۇ ئېنىق تىكلىشىدە ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتقان بىر ئاچچىق كەچمىش بولۇپ ئورنىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆزى كۆزلىگەن ئاق خالاتلىق جەڭچى بولۇش ئارزۇسىغا 1985-يىلى شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى داۋالاش كەسپىگە قوبۇل قىلىنىش بىلەن ئېرىشىپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆزىنىڭ بىر يېڭى تارىخىي سەھىپىسىنى يېزىشنى باشلىدى.

ئىنىمىز مەخمۇت كىچىكىدە ئاتا مېھرىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان ئەنە شۇ قاباھەتلىك مىنۇتلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، 40 نەچچە يىللىق ھايات مۇساپىسىدە ئۆزىنى بىر قېتىممۇ بەختسىز، تەلەيسىز ،جاسارەتسىز، ۋە ناباب دەپ ئويلاپمۇ باقمىدى. ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلمىدى. چۈنكى ئۇ ئەنە شۇ ئاتىسىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى نەچچە مىڭلىغان ھاياتلىق ئىچىدىن ئاللاھ تەرىپىدىن تاللانغان بىر ھاياتلىق ئىكەنلىكىنى، ئاتا-ئانىسىنىڭ شەپقىتىگە ھەر دائىم رازىمەنلىك بىلدۈرۈشى ۋە تەشەككۈر ئېيتىشى كېرەكلىكىنى بىلەتتى. ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىقتا ئىزچىل ئىرىشىش، يەنە ئىرىشىشتىن ئىبارەت ئەڭ ئەقەللىي ئىنسان پىسخىكىسى ئۇنىڭ سەبىي باللىق قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئورۇن ئېلىپ بولغان بولۇپ ، ئاشۇنداق بىر ئەمەلىيەت مەخمۇتنىڭ ھازىرقى نەتىجىلىرىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى.
ئىنسان ھاياتلىق ئىلمىگە بولغان قىزىقىش ۋە كېسەللىك ئۈستىدىن غالىپ كېلىش ، ھاياتقا سەۋەب قىلىش، ھاياتلىق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئالىي بۇرچ مەخمۇتنى دوختۇرلۇق كەسپىدە ئوقۇشقا مۇيەسسەر قىلدى. مەخمۇت ئۇشبۇ كەسپنى سۆيدى. ئالتە يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى قەدىرلىدى، ۋە ئىرىشتى. نەتىجىدە 1991-يىلى ئومۇمىي نەتىجىسى ئۇشبۇ قارار بويىۇنچە 1-بولۇپ، ئۆز ئارزۇيى بويىچە ئۇيغۇر دىيارىدا تۇنجى يۇقىرى كەسپىي داۋالاش مەركىزى بولۇپ قۇرۇلغان تىببىي ئۇنىۋېرسىتېت قارمىقىدىكى ئۆسمە كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا راك كېسەللىك تاشقى بۆلۈم ۋراچى بولۇپ ئىشلىدى. ئون يىللىق كلىنىكىلىق تەجرىبە-ساۋاقلار ئۇنى دىيارىمىزدىكى راك كېسەللىكىگە قارشى تۇرۇپ بىمارلارنى كېسەللىك ئازابىدىن تۈپتىن خالاس قىلىشنىڭ، راكنى بالدۇر بايقاش، بالدۇر دىئاگنوز قويۇش ، ۋە بالدۇر داۋالاشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى روشەن ھالدا كۆرسىتىپ بەردى. چۈنكى دوختۇرلار داۋالاشقا ئىرىشۋاتقان بىمارنىڭ 98 پىرسەنتى دېگۈدەك راكنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدىن ھالقىپ، ئاخىرقى باسقۇچىغا كىرىپ قالغان ھالەتتە بولۇپ، ھاياتى تولىمۇ قىسقا، ياكى ھاياتلىق ساپاسى تولىمۇ تۆۋەن ئىدى.

مانا مۇشۇنداق رېئاللىق تۈپەيلىدىن مەخمۇت بىر كلىنىكىلىق دوختۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالماسلىقتەك روھىي ئازابتىن خالىي بولالمىدى. ئۇنىڭدا تېبابەت تەرەققىي قىلغان، بولۇپمۇ راك كېسەللىكىگە بالدۇر دىئاگنوز قويۇش ۋە داۋالاشتا دۇنيا سەركىسى ۋە باشلامچىسى بولۇۋاتقان ياپونىيەدە ئۆز ئارزۇسىغا يېتىش ئىمكانىيىتى بارلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ تېخىمۇ يۇقىرى پەللىدىكى بىلىم ئېلىش ئىستىكىدە دۆلەتلىك سەھىيە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان قاتمۇ-قات سىناقلار ۋە تاللاشلاردىن ئۆتۈش نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر دىيارىدىن چىققان، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تاللانغان 100 كىشى ئىچىدىكى بىردىن-بىر ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىپتىخارلىق ئىچىدە 2001-يىلى ياپونغا ئوقۇشقا كەلدى.

ئىرىشىش ۋە شجائەت ئۇنىڭدا يېتىلگەن خاراكتېر ۋە ئۇنىڭدىكى خىسلەت ئىدى. ياپون ئۇستازى مەخمۇتقا قايىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەخمۇت ئۆزىنى ناھايىتى تەلەيلىك ۋە بەختلىك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسى مەخمۇتنى ھەم ئۇستاز ھەم ئاتىلىق مېھرى بىلەن يېتەكلىشى نەتىجىسىدە، ئۇ 2006- يىلى جىگەر راكىنى بالدۇر بايقاش ۋە مولېكۇللىق نىشانلاپ داۋالاش توغرىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىسى بىلەن مولېكۇلا خىرورگىيەلىك داۋالاش ئىلمىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.


2-رەسىم: ئىنىمىز مەخمۇت دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ۋاقىتتىكى بىر كۆرۈنۈش

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەخمۇت بىر قانچە چوڭ تىپتىكى ياپون دۆلەتلىك تەتقىقات تۈرلىرىگە بىۋاستە قاتنىشىپ ، ھەممە كەسپىي تارماقلاردا باش يېتەكچى بولۇپ ئىشلەپ ، بىر قانچە تۈرلەرنى تاماملىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ، كلىنىكىلىق تەتقىقاتلاردا ، ۋە ئوقۇ-ئوقۇتۇش ۋە كلىنىكىلىق داۋالاش ئىشلىرىدا كۆرۈكلۈك رولىغا ئىگە كۆپ قاتلام ۋە يۇرۇشلەشكەن كىلىنىكىلىك-پاتولوگىيەلىك-مولېكۇلالىق ھۆججەت ئامبىرىنى قۇرۇپ چىقىش تەتقىقاتى ياپونىيەنىڭ ئاشۇ ساھەدىكى بوشلۇقىنىڭ بىر قىسمىنى تولۇقلىدى. شۇ جەرياندا مەخمۇت ئۇيغۇرلاردىن بىر قانچە شاگىرت دوكتورلارنى تەربىيىلەش ۋە يېتەكلەش ئىمتىيازىغىمۇ ئېرىشتى. ئاشۇنداق خىزمەت مەخمۇتنىڭ خەلقىمىزگە ۋە يۇرتىمىزغا قايتۇرالىغان ۋىجدان بۇرچىنىڭ يورۇق نامايەندىسى بولدى.

ئىنىمىز دوكتور مەخمۇت ياسىن ياشلىرىمىزغا پەقەت بىر قانچە ئىبارىنى تەۋسىيە قىلىدۇ: ئۆزىگە ئىشىنىش ، ئۆزىنى قەدىرلەش ، ۋە ئۆز غايىسى ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز تىرىشىش.


3-رەسىم: ئىنىمىز مەخمۇت خىزمەت ئىشلەۋاتقان ۋاقىتتىكى بىر كۆرۈنۈش


4-رەسىم: ئىنىمىز مەخمۇتنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر



5-رەسىم: ئىنىمىز مەخمۇت خىزمەت ئىشلەۋاتقان ۋاقىتتىكى بىر كۆرۈنۈش



6-رەسىم: ئوڭدىن سولغا: مەخمۇت ياسىن ، بىلىمخۇمار ، مەخمۇتنىڭ ئايالى ، ۋە بىلىمخۇمار ئايالى ئامانگۈل. بۇ رەسىم 2013-يىلى 10-ئايدا ئىستانبۇلدا تارتىلغان. شۇ قېتىم مەخمۇت ئىستانبۇلدا ئېچىلغان ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىلمىي دوكلات يىغىنىغا قاتنىشىپ ، ئۆزى ئېلىپ بېرىۋاتقان تەتقىقات ئۈستىدە بىر مەيدان ئىلمىي دوكلات بەرگەن ئىدى.



7-رەسىم: مەن 2012-يىلى 12-ئايدا ياپونىيەگە ئوغلۇم بىلەن ساياھەتكە بارغاندا ، توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىدا توكيو رايونىدا ئوقۇۋاتقان ۋە ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلارغا ئۆزۈم ناسادا قىلىۋاتقان ئىشلار توغرىسىدا بىر مەيدان ئىلمىي دوكلات بەردىم. بۇنىڭغا مەخمۇت ياسىن ئۇكىمىزمۇ قاتناشتى. بۇ رەسىم شۇ قېتىم يىغىن زالىغا كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە تارتىلغان. بۇ رەسىمدە مەن بۇرۇن تونۇشتۇرغان دوكتور دىلشات ئابلا ، دوكتور ناسىرھاجى مەمتىلى ، ۋە دوكتور غەيرەت غېنى ، شۇنداقلا مەن تېخى تونۇشتۇرمىغان غەيرەت كەنجى ۋە رۇستەم قاتارلىق ئۇكىلارمۇ بار.

4. دوكتور بۇرھان سېتى ئېلان قلغان ئلمي ماقاللەرنڭ تزىملكى (ئنگلزچە):

## Journal Papers:

[1] Saiti, Buerhan, Mansur Masih & Obiyathulla Ismath Bacha, "Testing the Conventional and Islamic Financial Market Contagion: Evidence from Wavelet Analysis", (2014) (accepted by Emerging Markets Finance and Trade, subject to satisfactory revision).

[2] Saiti, Buerhan., Mansur Masih, & Obiyathulla Ismath Bacha, (2014), "The Diversification Benefits from Islamic Investment during the Financial Turmoil: The case for the U.S-based Equity Investors", Borsa Istanbul Review, 14(4):196-211.

[3] Saiti, Buerhan, (2014), "Integration between the Conventional and Islamic Stock Indices with the US stock market: Evidence from Cointegration Analysis", Australian Journal of Basic and Applied Sciences, 8(10) July 2014, Pages: 18-30. • Zafar U Ahmed, Osama Sam AL-KWIFI, Buerhan Saiti, Md Nor Bin Othman, (2014) "Consumer Behavior Dynamics of Chinese Minorities", Journal of Technology Management in China, Vol. 9 Iss: 1.

[4] Saiti, Buerhan., Azlan Ali, Naziruddin Abdullah, & Sulaiman Sajilan, (2014) "Palm oil price, exchange rate, and stock market: A Wavelet Analysis on the Malaysian Market", Eurasian Journal of Economics and Finance, 2(1):13-27.

[5] Saiti, Buerhan., Ginangar Dewandaru & Mansur Masih, (2013), "A Wavelet-based Approach to Test for Shariah-complaint Stock Market Contagion: Evidence from ASEAN Countries", Australian Journal of Basic and Applied Sciences, 7(7): 268-280. • Saiti, Buerhan., Obiyathulla Ismath Bach, & Mansur Masih, (2013), "Estimation of Dynamic Conditional Correlations of Shariah-Compliant Stock Indices through the Application of Multivariate GARCH Approach", Australian Journal of Basic and Applied Sciences, 7(7): 259-267.

[6] Saiti, Buerhan., Md Nor Othman, Susan Stone, & Zafar U Ahmed, (2011), "Buying Behavior of Uyghur (Turkish Muslims) in China for Halal Products: Global Marketing Implications", Southwest Review of International Business Research, Vol. 22 (1), pp. 51—60.

## Conference papers:

[7] Saiti, Buerhan., "The Awareness and Attitude towards Islamic Banking: A Study in Malaysia", the 15th International Conference of the Global Academy of Business & Economic Research, Orlando, USA, March 2015. • Saiti, Buerhan., Mansur Masih, & Obiyathulla Ismath Bacha, (2014), "Is the global leadership of the US financial market over other financial markets shaken by 2007-2009 financial crisis? Evidence from Wavelet Analysis", Eurasia Business Research conference, Istanbul, Turkey, 16-18 June 2014.

[8] Saiti, Buerhan., Abdul Razak Abdul Hadi, Ahmad Monir Abdullah & Naziruddin Abdullah, (2014), "Who drives East Asian economy after the collapse of Lehman Brothers?", 16th Malaysian Finance Association Conference 2014, Kuala Lumpur, Malaysia, 4-6 June 2014.

[9] Ahmad Monir Abdullah, Buerhan Saiti, & Mansur Masih, (2014), "Causality between Stock Market Index and Macroeconomic Variables: A Case Study for Malaysia", Australian Academy of Business and Social Sciences Conference, 25- 26 August 2014, Kuala Lumpur, Malaysia.

[10] Abdul Razak Abdul Hadi & Tahir Iqbal, Buerhan Saiti, "Technological Capability as Key Determinant in attracting Foreign Direct Investment in Indian Sub-Continent", Society of Interdisciplinary Business Research Conference, 1-3 September 2014, Hong Kong.

[11] Ahmad Monir Abdullah, Buerhan Saiti, & Mansur Masih, (2014), “Diversification in Crude Oil and Other Commodities: A Comparative Analysis”. Australian Academy of Business and Social Sciences Conference, 25 - 26 August 2014, Kuala Lumpur, Malaysia.

[12] Ahmad Monir Abdullah, Buerhan Saiti, & Mansur Masih, (2014), “The Impact of Crude Oil Price on Islamic Stock Indices of South East Asian (SEA) Countries: A Comparative Analysis”, 4th Islamic Banking and Finance conference in Lancaster University, UK, 23-24 June 2014 and 16th Malaysian Finance Association Conference 2014, Kuala Lumpur, Malaysia, 4-6 June 2014.

[13] Saiti, Buerhan., Mansur Masih, & Obiyathulla Ismath Bacha, (2013), “Are Islamic Stock Indices ‘safe-haven’ for US-based Investor: Evidence from Multivariate-GARCH analysis”, 23rd International Business Research Conference , Melbourne, Australia, 18 – 20 November 2013. This paper received Best Prize award.

[14] Saiti, Buerhan., Azlan Ali, Naziruddin Abdullah, & Sulaiman Sajilan, (2013), “Palm oil price, exchange rate, and stock market: A Wavelet Analysis on the Malaysian Market”, 15th Malaysian Finance Association Conference 2013, Kuala Lumpur, Malaysia, 2-4 June 2013.

[15] Saiti, Buerhan., Mansur Masih, & Obiyathulla Ismath Bacha, (2012), “Testing the Contagion between Conventional and Shari’ah-Compliant Stock Indexes: A Wavelet Analysis”, Proceedings of the 14th Malaysian Finance Association Conference 2012, pp. 1041-1062, Penang, Malaysia, 1 - 3 June 2012. The improved version of this paper was presented at 4th Islamic Banking and Finance conference in Lancaster University, UK, 23-24 June 2014.

[16] Saiti, Buerhan., Ginangar Dewandaru & Mansur Masih, (2011), “A Wavelet-based Approach to Test for Shariah-complaint Stock Market Contagion: Evidence from ASEAN Countries”, Islamic Civilisation Conference, Oxford, UK, 12 November 2011.

[17] Saiti, Buerhan., Mansur Masih, (2011), "The Co-movement of Selective Conventional and Islamic Stock Markets in East Asia: Is There any Impact on China and Shariah Compliant Stock?", INAUGURAL ISRA COLLOQUIUM: Innovation in Islamic Finance: Shariah Driven or Market Driven, Kuala Lumpur, Malaysia, 28 June 2011.

[18] Saiti, Buerhan & Md Nor Othman, (2010), “Determinants of Halal Meat Consumption in China”, 1st International Conference on Islamic Marketing & Branding: Exploring Issues and Challenges, Kuala Lumpur, Malaysia, 29-30 November 2010.

## 5. دوكتور مەخمۇت ياسىن ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلەر تىزىملىكى (ئىنگلىزچە):

[1] Takahashi M, Obayashi M, Ishiguro T, Sato N, Niimi Y, Ozaki K, Mogushi K, Mahmut Y, Tanaka H, Tsuruta F, Dolmetsch R, Yamada M, Takahashi H, Kato T, Mori O, Eishi Y, Mizusawa H, Ishikawa K. Cytoplasmic location of ?1A voltage-gated calcium channel C-terminal fragment (Cav2.1-CTF) aggregate is sufficient to cause cell death. PLoS One. 2013;8(3): e50121. doi: 10.1371/journal.pone.0050121. Epub 2013 Mar 7.

[2] Kato Sato, Shinji Tanaka, Yusuke Mitsumori, Kaoru Mogushi, Mahmut Yasen, Arihiro Aihara, Daisuke Ban, Takanori Ochiai, Takumi Irie, Atsushi Kudo, Noriaki Nakamura, Hiroshi Tanaka, and Shigeki Arii. Contrast-enhanced intraoperative ultrasonography for vascular imaging of hepatocellular carcinoma; clinical and biological significance. Hepatology, 2013; 57(4): 1436-47

[3] Mayinuer Abudureheman, Mahmut Yasen, Kaoru Mogushi, Gulanbar Obulhasim, Maimaiti Xieraili, Arihiro Aihara, Shinji Tanaka, Hiroshi Tanaka, and Shigeki Arii. The Up-regulation of protein tyrosine phosphatase type IVA, member 3 (PTP4A3/PRL-3) associated with tumor histological differentiation and poor prognosis in human hepatocellular carcinoma. Ann Surg Oncol, 2013?20?305-317.

[4] Gulanbar Obulhasim, Mahmut Yasen, Kazunori Kajino, Kaoru Mogushi, Shinji Tanaka, Hiroshi Mizushima, Hiroshi Tanaka, Okio Hino, Shigeki Arii. Up-Regulation of dbpA mRNA in hepatocellular carcinoma associated with metabolic syndrome. Hepatol Int, 2013;7 (1): 215-225.

[5] Maimaiti Xieraili, Mahmut Yasen, Kaoru Mogushi, Gulanbar Obulhasim, Abudureheman Mayinuer, Arihiro Aihara, Shinji Tanaka, Hiroshi Tanaka, and Shigeki Arii. Villin 1 is a predictive factor for the recurrence of high serum ?-fetoprotein associated hepatocellular carcinoma after curative hepatectomy. Cancer Sci 2012; 103 (8): 1493-1501.

[6] Mahmut Yasen, Gulanbar Obulhasim, Kazunori Kajino, Kaoru Mogushi, Hiroshi Mizushima, Shinji Tanaka, Hiroshi Tanaka, Okio Hino and Shigeki Arii. DNA binding protein A expression and methylation status in hepatocellular carcinoma and the adjacent tissue. Int J Oncol 2012; 40: 789-797.

[7] Yuki Katayama, Moegi Maeda, Ken Miyaguchi, Shota Nemoto, Mahmut Yasen, Shinji Tanaka, Hiroshi Mizushima, Yutaka Fukuoka, Shigeki Arii and Tanaka Hiroshi. Identification of pathogenesis-related microRNAs in hepatocellular carcinoma by expression profiling. Oncol Let 2012; 4: 817-823.

[8] Ken Miyaguchi, Yutaka Fukuoka, Hiroshi Mizushima, Mahmut Yasen, Shota Nemoto, Toshiaki Ishikawa, Hiroyuki Uetake, Shinji Tanaka, Kenichi Sugihara, Shigeki Arii, and Hiroshi Tanaka. Genome-wide integrative analysis revealed a correlation between lengths of copy number segments and corresponding gene expression profile. Bioinformation 2011; 7(6): 280-284.

[9] Shinji Tanaka, Kaoru Mogushi, Mahmut Yasen, Daisuke Ban, Norio Noguchi, Takumi Irie, Atsushi Kudo, Noriaki Nakamura, Hiroshi Tanaka, Masakazu Yamamoto, Norihiro Kokudo, Tadatoshi Takayama, Seiji Kawasaki, Michiie Sakamoto, and Shigeki Arii. Oxidative stress pathways in noncancerous human liver tissue to predict hepatocellular carcinoma recurrence: A prospective, multicenter study. Hepatology 2011; 54: 1273-1281.

[10] Kenichiro Yoshitake, Shinji Tanaka, Kaoru Mogushi, Arihiro Aihara, Ayano Murakata, Satoshi Matsumura, Yusuke Mitsunori, Mahmut Yasen, Daisuke Ban, Norio Noguchi, Takumi Irie, Atsushi Kudo, Noriaki Nakamura, Hiroshi Tanaka, and Shigeki Arii. Importin-alpha1 as a novel prognostic target for hepatocellular carcinoma. Ann Surg Oncol 2011; 18: 2093–2103.

[11] Ayano Murakata, Shinji Tanaka, Kaoru Mogushi, Mahmut Yasen, Norio Noguchi, Takumi Irie, Atsushi Kudo, Noriaki Nakamura, Hiroshi Tanaka, and Shigeki Arii. Gene expression signature of the gross morphology in hepatocellular carcinoma. Ann Surg 2011; 253 (1): 94-100.

[12] Gulanbar Obulhasim, Hiroshi Fujii, Toshiro Matsumoto, Mahmut Yasen, Masaaki Abe, Shoji Matsuoka, Naomi Ohtsuji, Okio Hino. Mesothelin gene expression and promoter methylation/hypomethylation in gynecological tumors. Eur J Gynaecol Oncol 2010; 31 (1):63-71.

[13] Shinji Tanaka, Kaoru Mogushi, Mahmut Yasen, Norio Noguchi, Atsushi Kudo, Noriaki Nakamura, Koji Ito, Yoshio Miki, Johji Inazawa, Hiroshi Tanaka, and Shigeki Arii. Gene-

expression phenotypes for vascular invasiveness of hepatocellular carcinomas. Surgery 2010; 147 (3): 405-414.

[14] Arihiro Aihara, Shinji Tanaka, Mahmut Yasen, Satoshi Matsumura, Yusuke Mitsunori, Ayano Murakata, Norio Noguchi, Atsushi Kudo, Noriaki Nakamura, Koji Ito, Shigeki Arii. The selective Aurora B kinase inhibitor AZD1152 as a novel treatment for hepatocellular carcinoma. J Hepatol 2010; 52: 63–71.

[15] Shinji Tanaka, Kaoru Mogushi, Mahmut Yasen, Norio Noguchi, Atsushi Kudo, Toshiaki Kurokawa, Noriaki Nakamura, Johji Inazawa, Hiroshi Tanaka, Shigeki Arii. Surgical contribution to recurrence-free survival in patients with macrovascular-invasion-negative hepatocellular carcinoma. J Am Coll Surg 2009; 208:368-374.

[16] Mahmut Yasen, Hiroshi Mizushima, Kaoru Mogushi, Gulanbar Obulhasim, Ken Miyaguchi, Kazuhiko Inoue, Izumi Nakahara, Tsutomu Ohta, Arihiro Aihara, Shinji Tanaka, Shigeki Arii and Hiroshi Tanaka. Expression of auroraB and their alternative variant forms in hepatocellular carcinoma and the adjacent tissue. Cancer Sci. 2009; 100 (3):472-480.

[17] Shinji Tanaka, Shigeki Arii, Mahmut Yasen, Kaoru Mogushi, Su NT, Zhao C, Imoto I, Eishi Y, Inazawa J, Miki Y, Tanaka H. Aurora kinase B is a predictive factor for the aggressive recurrence of hepatocellular carcinoma after curative hepatectomy. Br J Surg 2008; 95(5): 611-619.

[18] Hiroshi Tobita, Kazunori Kajino, Kouichi Inami, Sayaka Kano, Mahmut Yasen, Osamu Imamura, Yoshikazu Kinoshita and Okio Hino. Gene expression profile of DNA binding protein A transgenic mice. Int J Oncol 2006; 29(3): 673-679.

[19] Mahmut Yasen, Kazunori Kajino, Sayaka Kano, Hiroshi Tobita, Junji Yamamoto, Takeshi Uchiumi, Shigeyuki Kon, Masahiro Maeda, Gulanbar Obulhasim, Shigeki Arii, and Okio Hino. The up-regulation of Y-box binding proteins (DNA binding protein A and Y-Box binding protein -1) as prognostic markers of hepatocellular carcinoma. Clin Cancer Res 2005; 11 (20): 7354-61.

[20] Yasuo Arakawa, Kazunori Kajino, Sayaka Kano, Hiroshi Tobita, Junpei Hayashi, Mahmut Yasen, Mitsuhiko Moriyam, Yasuyuki Arakaw, Okio Hino. Transcription of dbpA, a Y box binding protein, is positively regulated by E2F1: implications in hepatocarcinogenesis. Biochem Biophys Res Commun 2004; 322:297-302.

[21] Mahmut Yasen, Lian-Wen Yuan, Xu Hong, Wei Tang. The process in non surgical treatment of hepatocellular carcinoma. Foreign Medicine Tumor 2003; 30(3): 217-219. (Chinese)

[22] Mahmut Yasen,?Wei Tang,?Ya-Zhou Shi, Toshiro Konishi, Masatoshi Makuuchi. Clinical significance of expression of focus gycoprotein in gastric carcinomas. Japan-China Medicine 2002,364-366?(Japanese)

ئالدىنقى «چەت ئەلدىكى نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (7)» نىڭ تور ئادرېسى:

http://bbs.izdinix.com/thread-63473-1-1.html
http://bbs.bagdax.cn/thread-29516-1-1.html
http://www.ejdad.com/bbs/forum.php?mod=viewthread&tid=3268
http://www.alganur.cn/mb/forum.php?mod=viewthread&tid=3359
http://bbs.bozqir.top/forum.php?mod=viewthread&tid=7066

بۇ ماقالىنى تۇرسۇن ئەرتۇنا ، ئالمىرە مۇھەممەت ۋە دىلبەر خېمىت ئۈكلىرىمىز تەھرىرلىدى.

بۇ ماقالىنى ھېچكىمدىن سورىماي، مەنبەسىنى بەرگەن ئاساستا باشقا ھەر قانداق تورغا چىقارسىڭىز، ياكى ئېلكتابقا ئوخشاش باشقا ھەر قانداق شەكىلدە ئىشلەتسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. بۇ ماقالە بارلىق ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ.